جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن

# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 10 ـ ئاي

14

چارشەنبە

维吾尔文 10月14日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

CN 65–0002/–W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25214 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

## يېڭى دەۋردىكى مائارىپنى باھالاش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئومۇمىي لايىھەسىنى بېسىپ تارقاتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «يېڭى دەۋردىكى مائارىپنى باھالاش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئومۇمىي لايىھەسى»نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

«لايىھە»دە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: مائارىپنى باھالاش مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشىگە مۇناسىۋەتلىك، باھالاش دىرىژورلۇق تايىقى قانداق بولسا، شۇنداق مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشى بولىدۇ. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مائارىپ توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ۋە مەملىكەتلىك مائارىپ يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈزۈلمە مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىلمىي بولمىغان مائارىپ باھالاش يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، نومۇر ھەممىنى بەلگىلەيدىغان، ئۆرلەپ ئوقۇش

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### شى جىنپىڭ دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلىش قىسمىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە مۇنداق تەكىتلىدى

# تىپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىپ، تىرىشىپ كۆپ ماھارەت بىرىكتۈرۈلگەن، تېز ئىنكاس قايتۇرالايدىغان، پۈتۈن شارائىتقا ماس كېلىدىغان بىر سەرخىل قوشۇننى تاۋلاپ چىقىش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چاۋجوۋ، 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىرلار لى شۇەنلياڭ، لى يۈن) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلىش قىسمىغا بېرىپ كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلىش قىسمى سۇدىمۇ، قۇرۇقلۇقتىمۇ ئۇرۇش قىلالايدىغان سەرخىل ئۇرۇش كۈچى بولۇپ، دۆلەت ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ خەۋپسىزلىكى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش، دۆلەتنىڭ دېڭىز ئوكيان ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش، دۆلەتنىڭ چەت ئەللەردىكى مەنپەئىتىنى قوغداش جەھەتلەردە مۇھىم ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالغان. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئىشلار ئىستراتېگىيەلىك فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلىش قىسمى قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ۋە ئۇرۇش قىلىشتا قوللىنىلىش ئالاھىدىلىكى، قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، تىپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىپ، تىرىشىپ كۆپ ماھارەت بىرىكتۈرۈلگەن، تېز ئىنكاس قايتۇرالايدىغان، پۈتۈن شارائىتقا ماس كېلىدىغان بىر سەرخىل قوشۇننى تاۋلاپ چىقىش كېرەك.

كۈز كۈنلىرىدىكى چاۋشەن تۈپرىقىدا تاغ ـ دەريالار گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل ئىدى. چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10دىن 40 مىنۇتلار ئۆتكەندە، شى جىنپىڭ دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلىش قىسمى ئورگىنىغا يېتىپ كەلدى. قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە، شى جىنپىڭ دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلىش قىسمىدىكى لىۋدىن يۇقىرى قىسىملارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئورگاندىكى باشقارما باشلىقىدىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنى سەممىي قوبۇل قىلىپ كۆرۈشتى، كۆپچىلىك بىلەن بىللە سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى.

دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلىش قىسمى 2017 ـ يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن تەشكىللەپ قۇرۇلغان. شى جىنپىڭ كۆرگەزمە تاختىسى ئارقىلىق دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلىش قىسمىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ئارقىدىن، شى جىنپىڭ قىسىم قۇرۇلۇشى ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كۆپ ۋاستىلىك فىلىمنى كۆردى ھەم سىن ئارقىلىق مۇناسىۋەتلىك ۋەزىپە شۆبە

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلىش قىسمىنى كۆزدىن كەچۈردى. سۈرەتتە: شى جىنپىڭ دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇھىم سۆز قىلماقتا. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى گاڭ فوتوسى

## يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ تېخىمۇ زور مۆجىزىسىنى يارىتىش

### ـــ يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرە

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى

ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىكى يارقىن نام كارتىسى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغاندىن بۇيان، شېنجېن، جۇخەي، شەنتۇ، شيامېن، خەينەندىن ئىبارەت بەش ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ مۇساپىسىدە دولقۇنىنىڭ بېشىدا مەزمۇت تۇرۇش، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشنىڭ سەلتەنەتلىك سەھىپىسىنى پۈتتى، مۆۋجىزە پەيدا قىلغان... پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى.

«ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنى داۋاملىق قۇرۇپلا قالماي، بەلكى تېخىمۇ ياخشى قۇرۇش، سەۋىيەلىك قۇرۇش كېرەك» ـــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جاراڭلىق، كۈچلۈك سۆزلىرى يېڭى دەۋردىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ تېخىمۇ پۇختا ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى، تېخىمۇ ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلار تېخىمۇ يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىدىن قايتا ئاتلىنىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش يېڭى مۇساپىسىدە باشلامچىلىق، ئۈلگىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، يەنە بىر قېتىم دۇنيا يېڭىچە نەزەر بىلەن قارايدىغان يېڭى تېخىمۇ زور مۆجىزىلەرنى ياراتتى.

### يېڭى دەۋرنىڭ مۆجىزىسىنى پۈتۈش

ـــ يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنىڭ ئىسلاھات ـ تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىپ يېڭى سەكرەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئاچقۇچلۇق تەدبىر ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ئۇچۇق جاكارلىدى

«بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا گۇاڭدۇڭغا بېرىشىمدىكى سەۋەب شۇكى، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش شامىلى ئەڭ بۇرۇن چىققان جايلارغا بېرىپ، نەق مەيداندا جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تارىخىي مۇساپىسىنى ئەسلەپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈندۇر».

2012 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، يولداش شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى بولغاندىن كېيىن تۇنجى قېتىم بېيجىڭدىن ئايرىلىپ تەكشۈرۈشتە بولۇپ، بىرىنچى بېكەتتە شېنجېن چيەنخەيگە كەلدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

خەلق گېزىتى باش ماقالىسى

3 ـ بەتتە >>

## يېڭى دەۋردىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى ئۆلچەم بايرىقىنى تىكلەيلى

### ـــ شېنجېن قاتارلىق ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلار قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز

## ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 99 ـ قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **يۈەن لېي** خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 99 ـ قېتىملىق دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا پاختا نىشانلىق باھا سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، يېشىل ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمالغا دائىر تۈزۈم، سىياسەت سىستېمىسىنى ئورنىتىشنى تېزلىتىش، خاس يېزا ئىگىلىكىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىش، ئادىل رىقابەتلىشىش بويىچە تەكشۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش، ئامما سەھىيە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ـ باشقۇرۇش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قاتارلىق خىزمەتلەر تەتقىق قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پاختا نىشانلىق باھا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش پاختا ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاشنىڭ پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىنى ئۈنۈملۈك يۈرۈشتۈرۈپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ مۇقىم تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. پاختا نىشانلىق باھا سىياسىتىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 99 ـ قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

## مۇشۇ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى 19 ـ قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىنى ئېچىش قارار قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 99 ـ قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 19 ـ قېتىملىق يىغىنىنى مۇشۇ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈش قارار قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 19 ـ قېتىملىق يىغىنىنىڭ قارالما لايىھەسى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى پىكىر قاراپ چىقىلدى. مۇدىرلار يىغىنىنىڭ تەكلىپ قارالمىسىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 19 ـ قېتىملىق يىغىنىدا «ئاپتونوم رايوننىڭ يېزىلىق،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

## مەركەز 6 ـ كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننى كۆزىتىش خىزمىتى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگۈي** خەۋەر قىلىدۇ: مەركەزنىڭ كۆزىتىش خىزمىتى توغرىسىدىكى بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، يېقىندا مەركەز 6 ـ كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننى كۆزىتىش خىزمىتى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندىن ئىلگىرى، مەركەز 6 ـ كۆزىتىش گۇرۇپپىسى باشلىقى ۋاڭ رۇڭجۈن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر بىلەن كۆرۈشۈپ پىكىر ئالماشتۇرۇش يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كۆزىتىش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئالاقىدار خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى. يىغىندا، ۋاڭ رۇڭجۈن سەپەرۋەرلىك سۆزى قىلىپ، كۆزىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە بولغان تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

مەركەز 6 ـ كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىرى ھەم ئالاقىدار يولداشلار، مەركەز كۆزىتىش ئىشخانىسى، 5 ـ كۆزىتىشكە يېتەكچىلىك قىلىش ـ ھەيدەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسىدىكى ئالاقىدار يولداشلار، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش پارتىيە گۇرۇپپىسى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى، باشقا مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى كۆزىتىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ۋە ھەرقايسى كۆزىتىش گۇرۇپپىلىرىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقلىرى، ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)لىك پارتىيە كومىتېتى، خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش بەنزىسى ئەزالىرى قاتارلىقلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى. يىغىن تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى، ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)لەردە شۆبە يىغىن مەيدانى تەسىس قىلىندى.

ۋاڭ رۇڭجۈن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ يىل ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىلىدىغان ۋە «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تاماملىنىدىغان يىل، شۇنداقلا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان يىل، ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەر ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنگە قارىتا كۆزىتىشنى قانات يايدۇرۇش يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھەرقايسى جايلارنىڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى تولۇق نامايان قىلدى، ئۇ، فۇنكسىيەسى، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش، ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزايلى

### ـــ 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ گېزىتىمىز ئوبزورچىسى

جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى دۆلەت بىرلىكىنىڭ ئاساسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مەنبەسى، مەنىۋى كۈچىنىڭ روھى. باش شۇجى شى جىنپىڭ 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى: «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىشىمىز كېرەك.» بۇ پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىققەتنى ئەبەدىي ئەمىنلىككە مۇناسىۋەتلىك چوڭقۇر قاتلاملىق مەسىلىلەردە كۈچەشكە مەركەزلەشتۈرۈشكە يۆنىلىش يولى كۆرسىتىپ بەردى.

جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇش يېڭى دەۋردىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئاساسىي لىنىيەسى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىكى مۇقەررەر تالاش، شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ ئۇزاققا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. بىز 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 10 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، ھەرقايسى مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۇزاق كەلگۈسى پىلان ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئاساسىي پۇختىلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا يىلتىز تارتقۇزۇپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)